# شى جىنپىڭ سومالى زۇڭتۇڭى مۇھەممەد بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇردى. مەن جۇڭگو ـ سومالى مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، سىز بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى ۋە جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

مۇھەممەد تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۆتكەن 60 يىلدا، سومالى ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ نۇرغۇن ساھەلەردىكى ئۇزاق مۇددەتلىك دوستلۇق مۇناسىۋىتى ۋە ياخشى ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. سومالى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى سومالى ـ جۇڭگو ئارىسىدىكى زىچ ھەمكارلىق ۋە دوستلۇققا يۈكسەك باھا بېرىدۇ. سومالى مەڭگۈ جۇڭگونىڭ دوستى بولىدۇ. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن قويۇق ھەمكارلىشىپ، ئىككى تەرەپ دوستلۇقى، ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت ـ سائادەت يارىتىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىر ئۈستەل، بىرنەچچە ئورۇندۇق، ئۆمۈر ـ چىمىر يېزىلغان بىر خاتىرە دەپتەر... بۇ يىل 80 ياشقا كىرگەن لى داشەن پارتىيە ئەزىنىكى تاقاپ، كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى بىرلىكتە ئۆگەندى.

«ئىلگىرى كۆپچىلىكنىڭ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشى يوق بولۇپ، كېچىچە قارتا، ماجياڭ ئوينايتتى، مەن بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە ئورۇندۇم. بېيىغاندا ئۆتمۈشنى ئويلاپ تۇردۇم، بېيىغاندا ئىلگىرىلەشنى ئويلاپ تۇردۇم، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ھويلامغا كېلىشنى ياقتۇرغان ئىكەن، ئۇنداقتا مەن ئۇلارغا پارتىيە دەرسى ئۆتۈپ بېرەي!» لى داشەن دېگىننى قىلدى. 2018 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۆتۈلىدىغان «دېھقان ئائىلىلىرى مىكرو پارتىيە دەرسى» باشلاندى.

ھەر قېتىم دەرس باشلاشتىن بۇرۇن، لى داشەن مەركەزنىڭ مۇھىم يىغىنلىرىنىڭ روھىنى قايتا ـ قايتا ئۆگىنىپ، ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىر پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كۆپچىلىكنى باشلاپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىم، ئۆزلەشتۈرۈشۈم كېرەك».

شۇ ئەترەتتىكى يەن ئەيىڭ دائىم كېلىپ دەرس ئاڭلايتتى. «ۋاقتىم بولسىلا بېرىپ لى تاغامنىڭ دەرسىنى ئاڭلايمەن، ئۇنىڭ پارتىيەنىڭ زور سىياسەت، فاڭجېنلىرى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يۇرتىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلايمەن» دېدى يەن ئەيىڭ.

«مىكرو پارتىيە دەرسى»دە «زور كۈچ» مۇجەسسەملەندى. «ئىلگىرى ئەترەتنىڭ مۇھىتى مەينەت، قالايمىقان، ناچار ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە، لى داشەننىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە، كوچىلار تازىلىنىپ پاكىز، رەتلىك بولۇپ كەتتى. تۇرالغۇ مۇھىتىمىز ياخشىلاندى، ئۇيۇشۇش كۈچىمۇ كۈچەيدى، ئەترەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پائال قوللىشىغا ئېرىشتى» دېدى دېھقانچىلىق 7 ـ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ما جىنسەي.

### بىر ئېغىزلىق مەدەنىيەت كۇتۇپخانىسى: رەسىم قەلىمى بىلەن يېڭى تۇرمۇشنى تەسۋىرلەش

بىر مەيدان قېلىن ياغقان قاردىن كېيىن، ھەممە جاي ئاق لىباسقا ئورالدى. گەرچە تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ئەترەتنىڭ مەدەنىيەت كۇتۇپخانىسى ئالاھىدە ئىللىق ئىدى. ياغاچ ئىشىكنىڭ غىچىلداپ ئېچىلىشى بىلەن، رەڭگى كۆركەم، قويۇق سەھرا پۇرىقىغا ئىگە دېھقانلار رەسىملىرى كۆزگە چېلىقاتتى. ياڭ ۋېيدۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۈچ بالا ئۈستەل ئالدىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ رەسىم سىزىۋاتاتتى.

بۇ يىل 54 ياشقا كىرگەن ياڭ ۋېيدۇڭ دېھقانچىلىق 7 ـ ئەترىتىنىڭ ئادەتتىكى خىزمەتچىسى، شۇنداقلا ھۆسنخەت، رەسىم ھەۋەسكارى، خىزمەت ئەترىتى ۋە دېھقانچىلىق 7 ـ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، ياڭ ۋېيدۇڭ مەدەنىيەت كۇتۇپخانىسى ئاچتى. بۇ جاي ئۇ دېھقانلار رەسىمى ئىجاد قىلىدىغان، كۆپچىلىككە رەسىم سىزىشنى ئۆگىتىدىغان ياخشى جايغا ئايلاندى.

«پارتىيەنىڭ سىياسىتى ياخشى بولغاچقا، پۇقرالارنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى ياخشىلاندى، يوللار كېڭىيىپ، ھويلا ـ ئارانلار گۈزەللەشتى، مەن رەسىم قەلىمى بىلەن يېڭى يېزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى سىزىپ، يۇرتۇمنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى خاتىرىلىمەكچى» دېدى ياڭ ۋېيدۇڭ.

رەسىم تاختىسىدا رەسىم سىزغاندىن سىرت، تامغا رەسىم سىزىش ياڭ ۋېيدۇڭنىڭ يەنىمۇ ئۆزگىچە ھۈنىرى. قىزىل دېھقان ئائىلىسى مىكرو دەرسخانىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ياشانغانلارغا ۋاپادارلىق يەتكۈزۈپ، قېرىنداشلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش، باشلامچىلىق بىلەن بېيىش... مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، ئەترەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ تامغا جانلىق خاتىرىلىدى، ھەممە ئائىلىنىڭ كۆرۈمسىز كونا ھويلا تاملىرى گۈزەل مەنزىرە لىنىيەسىگە ئايلاندى، ئەترەت قىياپىتىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

ياڭ ۋېيدۇڭنىڭ تۈرتكىسىدە، كۆپچىلىك رەسىم قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ، رەسىم قەغىزىنى يېيىپ، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى سىزدى. «ھازىر قىشتىكى ئارسال ۋاقىت، بىز ياڭ مۇئەللىمگە ئەگىشىپ خەتتاتلىق، رەسساملىقنى ئۆگىنىپ، ھەم دېھقانچىلىقنىڭ ئارسال مەزگىلىدىكى تۇرمۇشىمىزنى بېيىتتۇق، قوشنىلار ئارىسىدىكى ھېسسىياتنى كۈچەيتتۇق، ھەم ئەترەتتىكى مەدەنىيەت تېمىدا كارامىتىمىزنى كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق، مېنىڭچە بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك» دېدى خىزمەتچى دۇڭ خۇڭشيا كۈلۈپ تۇرۇپ.

ما جىنسەي مۇنداق دېدى: «مەدەنىيەت كۇتۇپخانىسى خەتتاتلىق، رەسساملىقنى ياخشى كۆرىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممىنى ئۆگىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش سۇپىسى بىلەن تەمىنلىدى. بارغانسېرى كۆپ ئىشچى ـ خىزمەتچى بۇ يەردە رەسىم قەلىمى بىلەن بەختلىك تۇرمۇشنى سىزىپ چىقتى».

### بىر ئېغىزلىق رېمونتخانا: ئۆزئارا ياردەم بېرىش قوشنىلارنى يېقىنلاشتۇردى

«لاۋجاڭ، ۋېلىسىپىتىمنىڭ كامىرى يەنە تېشىلىپ كەتتى، سىز رېمونت قىلىپ بېرەلەمسىز؟» گەپ ئارىلىقىدا خىزمەتچى جاۋ يۈڭ ۋېلىسىپىتنى رېمونتخانىغا ئەكىرىپ بولغانىدى. رېمونتخانا ئاچقان جاڭ لەنجىيې بىردەم ھەپىلەشكەندىن كېيىن، ۋېلىسىپىت كامىرىنى ياماپ بولدى.

جاڭ لەنجىيې دېھقانچىلىق 7 ـ ئەترىتىنىڭ خىزمەتچىسى، شۇنداقلا ئەترەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى.

2017 ـ يىلى، جاڭ لەنجىيې ئەترەتتە بىر رېمونتخانا ئاچتى. باشقىلارغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، جاڭ لەنجىيېنىڭ رېمونتخانىسىدا ئەزەلدىن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ. «مېنىڭ دەل مۇشۇ ھۈنىرىم بار بولغاچقا، ياردەم قىلاي دېدىم. ھەممىسى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشلار. سىز ماڭا ياردەم بېرىسىز، مەن سىزگە ياردەم بېرىمەن، كۆپچىلىك ئۆزئارا ياردەم بەرگەنسېرى تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتتۇق» دېدى جاڭ لەنجىيې.

كىچىككى ئۈستەل ـ ئورۇندۇق، كۆنلۈك، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىدىن تارتىپ، جوڭى ۋېلىسىپىت، توكسىكلىت، دەرۋازا، تۆت چاقلىق ھارۋىغىچە... كۆپچىلىك جاڭ لەنجىيېدىن ياردەم تەلەپ قىلسىلا، ئۇ ھەقسىز رېمونت قىلىپ بېرەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، دېھقانچىلىق 7 ـ ئەترىتىدە ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى، كىمنىڭ ئۆيىدە ئىش بولسا، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ياردەم قولىنى سۇنۇشنى خالايدىغان بولدى. خىزمەت ئەترىتى ۋە دېھقانچىلىق 7 ـ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ قۇرۇش ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ماھارەت جەھەتتە ئۆزئارا ياردەم بېرىش، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش، زىيارەت قىلىش، ھال سوراش قاتارلىق خەلققە قولايلىق مۇلازىمەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

دەۋر يېڭى ئىستىلنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى ۋە دېھقانچىلىق 7 ـ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى يەنە مەخسۇس «ياخشى قېيىنئانا» «ياخشى كېلىن» «ياخشى قوشنا» «مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى» قاتارلىق تۈرلۈك تېپىك ئۈلگە كۆرسىتىش تاختىلىرىنى ياساپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ، ئەتراپتىكى كىشىلەر، ئەتراپتىكى ئىشلار ئارقىلىق ئاكتىپ كۈچ تارقىتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئائىلە، قوشنىلار، جەمئىيەت ئىناق بولغان ياخشى كەيپىيات ياراتتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى پائال ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، دائىرىلەشكەن پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق پۈتۈن قاپلاش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنى پۈتۈن قاپلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇردى.

### ئېھتىياجغا يېقىنلاشتۇرۇلدى پىدائىيلار مۇلازىمىتى ئارقىلىق خەلققە قولايلىق يارىتىلدى، خەلققە نەپ يەتكۈزۈلدى

بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىغا كىرسىڭىز، چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنىڭ پاكىز، رەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھەربىر يول ئېغىزىدا ئۇچىسىغا «قىزىل جىلىتكە» كىيگەن مەدەنىيلىك يېتەكچىلىرىنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى پىيادىلەرنىڭ قىزىل چىراغنى بۆسۈپ ئۆتۈش، پىيادىلەر ئۆتىدىغان يولدا ماڭماسلىق قاتارلىق يول قاتناش قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلىرىغا قارىتا نەسىھەت قىلىش، قالايمىقان ئەخلەت تاشلاش، كۆكەرتىش بەلبېغىنى دەسسەش قاتارلىق مەدەنىيەتسىز قىلمىشلارنى ۋاقتىدا توسۇشتىن ئىبارەت.

بۇ يىلدىن بۇيان، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، پىدائىيلار مۇلازىمەت قوشۇنىنى بىرىكتۈرۈپ، ئەللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى پىدائىيلار مۇلازىمەت باش ئەترىتى تەسىس قىلدى، ھەرقايسى يېزا (بازار، مەيدان)لاردا پىدائىيلار مۇلازىمىتى شۆبە ئەترىتى قۇردى، كەنت (مەھەللە، شۆبە مەيدان)لاردا پىدائىيلار مۇلازىمىتى كىچىك ئەترىتى تەسىس قىلدى. كەسپىي خاراكتېرلىك مۇلازىمەتنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، يەنە خاس پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىدىن 13نى تەشكىللەپ قۇردى، نۆۋەتتە، رويخەتكە ئالدۇرغان پىدائىي 7000دىن ئاشتى.

ئاممىا قەيەردە بولسا، مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى شۇ يەرگىچە كېڭەيتىلدى؛ ئاممىا نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، پىدائىيلار مۇلازىمىتى شۇنىڭ بىلەن تەمىنلىدى. شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنى سىياسەت تەشۋىقاتى، زىددىيەتلەرنى مۇرەسسە قىلىش، مۇھىتنى تۈزەش ھەمدە ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، تېز يوللانمىنى ئايرىپ تارقىتىش، توك، پار رېمونت قىلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەردىن قولايلىق بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، «مۇلازىمەت پونكىتى ئىتتىپاقى» تەۋەلىكتىكى پىدائىيلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈچ چىقىرىش، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئاتلىنىشقا تەشكىللەپ، مەۋقەنى ئاھالىلەر، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا قويۇپ، خەلققە قولايلىق يارىتىش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، خەلققە پايدا يەتكۈزۈش پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىا ئېھتىياجلىق بولغان، تەقەززا بولغان، غەم قىلىدىغان مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، «مۇلازىمەت پونكىتى ئىتتىپاقى»نى ئاممىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى مۇلازىمەت پونكىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

بۈگۈنكى كۈندە، دەۋر ئاۋانگارتلىرى پىدائىيلار ئەترىتى، مېھرىبان ئانىلار پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئەترىتى قاتارلىقلار بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى گۈزەل مەنزىرىگە ئايلاندى. بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ھەم پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي ئورۇن، مەدەنىي كەنت ـ بازار، مەدەنىي ئائىلە قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىش جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، «ۋاقىت بولسىلا پىدائىي بولۇش، قىيىنچىلىق بولسىلا پىدائىيلارنى ئىزدەش»تەك قويۇق كەيپىياتنى يارىتىپ، «مەن ھەممە ئۈچۈن، ھەممە مەن ئۈچۈن» دەيدىغان تۇرمۇش يېڭى كەيپىياتىنى تۇرغۇزدى.

### پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يېتەكلەندى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈلدى

«جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەزەلدىن يەككە تەرەپلىك ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەرقايسى ئالاقىدار سۇبيېكتلارنىڭ ئۈنۈملۈك بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشگە ئېھتىياجلىق. ‹مۇلازىمەت پونكىتى ئىتتىپاقى› ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى، زىددىيەتلەرنى مۇرەسسە قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك بىرىكتۈرۈپ، ھەممە ئادەم مەسئۇل بولىدىغان، ھەممە ئادەم مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، ھەممە ئادەم بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ خۇڭباۋ.

«‹ئۇلۇڭگۇر قاراۋۇلخانىسى› ئۇلۇڭگۇر دەرياسىدىكى قاراۋۇل دېگەن مەنىدە بولۇپ، ساقچىلار بىلەن خەلق بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتىدىغان، ساقچىلار بىلەن خەلق بېلىق بىلەن سۇدەك چىڭ رىشتە باغلىغان كەيپىياتتا، بىر جاينىڭ سۇ ـ تۇپرىقىنى ئورتاق قوغداش، بىر جاينىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى ئورتاق قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ...» «ئۇلۇڭگۇر قاراۋۇلخانىسى»غا كىرسىڭىز، چۈشەندۈرگۈچىنىڭ موشۇنداق دېگىننى ئاڭلايسىز.

بۇرۇلتوقاي ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شەھەر ـ بازار ساقچىخانىسى جەنۇبىي يولى مەھەللە ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسى «ئۇلۇڭگۇر قاراۋۇلخانىسى»دىكى لىۋ يەنلىڭ دائىم ئاھالىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشەتتى. قايسى ئائىلىنىڭ يۈندى يولى توسۇلۇپ قالسا، قايسى ئائىلىنىڭ لامپۇچكىسى يانمايدىغان بولۇپ قالسا، ئۇ دائىم ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ بېرەتتى.

ئىگىلىنىشچە، «ئۇلۇڭگۇر قاراۋۇلخانىسى» تەۋەلىكتىكى خەلق ساقچىلىرى، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى، تاكسى شوپۇرلىرى، ۋەيمەي يەتكۈزگۈچى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى بولۇپ، ئاساسلىقى ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق مۇلازىمىتى شەكلىدە ئاممىا ئالدىنى ئېلىش، ئاممىا تىزگىنلەش، زىددىيەت ـ ماجىرالارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ ھەل قىلىش، ئامانلىق ساقلاش، قوغدىنىش تەشۋىقاتى، بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، مېھر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، پۇقرالارغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق پىدائىيلار پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدىكەن.

بۇ يىلدىن بۇيان، بۇرۇلتوقاينىڭ پىدائىيلار مۇلازىمەت قوشۇنى تەۋەلىكنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پۇقرالارغا مۇلازىمەت قىلىشنى نىشان قىلىپ، تىنچ ـ ئامانلىقنى قوغداشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىپ، قوشنىلار ھەمدەم بولۇش، ئامانلىق چارلاش، تىنچ ـ ئامانلىق تەشۋىقاتى، مەدەنىيلىككە نەسىھەت قىلىش ـ يېتەكلەش، ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىش، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، مېھر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق پىدائىيلار مۇلازىمىتىدىن 90 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق قانات يايدۇرۇپ، 40تىن ئارتۇق زىددىيەت ـ ماجىرانى مۇرەسسە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىپ، 300دىن ئارتۇق تۈرلۈك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، ئاممىغا 4000 ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك مۇلازىمەت قىلدى، پىدائىيلار مۇلازىمىتى ۋاقتى جەمئىي 2000 سائەتتىن ئاشتى.

---

# 3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ نان كەسپى بويىچە تونۇشتۇرۇش يىغىنى جېڭجوۋدا باشلاندى

## 200 خىلدىن ئارتۇق نان يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، 3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ نان كەسپى بويىچە تونۇشتۇرۇش يىغىنى جېڭجوۋ شەھىرىنىڭ جۇڭيۈەن خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە باشلاندى. خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى ۋۇ گودىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ۋۇ گودىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى تونۇشتۇرۇش يىغىنى خېنەن خەلقىنىڭ شىنجاڭنى تونۇشى، شىنجاڭنى چۈشىنىشىگە يېڭى يول ئېچىپ بەردى. بۇ قېتىمقى تونۇشتۇرۇش يىغىنىنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى جاي خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىككى جاينىڭ ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگۈزۈپ، خېنەن خەلقىنىڭ تاماق ئۈستىلىگە ئېلىپ چىقىپ، ناننىڭ مەززىلىك ھىدىنى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەركىن تۇنىياز مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ نان كەسپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى كۈچلۈك تۇتقا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى خاس ئەڭگۈشتەر، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى ئەۋزەل كەسىپ قىلدى. نان كەسپى كەلگۈسى بەش يىلدا شىنجاڭ نۇقتىلىق بەرپا قىلىدىغان ئون چوڭ كەسىپنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ، جەزمەن شىنجاڭنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىدىغان، ئالماشتۇرۇشنى نامايان قىلىدىغان يارقىن نام كارتىسى بولۇپ قالىدۇ. تونۇشتۇرۇش يىغىنى تۇنجى قېتىم شىنجاڭدىن چىقىپ، شىنجاڭ ـ خېنەن ئىككى ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەمكارلىقى، ئالماشتۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇھىم سۇپا ھازىرلاپ بەردى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ۋە پائال قاتنىشىشى ئارقىسىدا، بۇ نۆۋەتلىك تونۇشتۇرۇش يىغىنىنىڭ چوقۇم تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش نىشانىغا يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بۇ نۆۋەتلىك تونۇشتۇرۇش يىغىنىدا «شىنجاڭ ياخشى جاي ـــ يىپەك يولىدىكى ناننىڭ مەززىلىك ھىدىغا باغلانغان رىشتە» باش تېما قىلىنىپ، 100دىن ئارتۇق كۆرگەزمە ئورنى تەسىس قىلىندى، 116 كارخانا كۆرگەزمىگە قاتنىشىپ، 200 خىلدىن ئارتۇق نان يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتى، 100 خىلدىن ئارتۇق شىنجاڭنىڭ خاس باغ ـ ئورمان مەھسۇلاتى ۋە خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاھالىلەرنىڭ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەشنى ئورتاق كۆزلەش، تەرەققىياتنى ئورتاق بەرپا قىلىش، قۇرۇلۇشنى ئورتاق باشقۇرۇش، ئۈنۈمنى ئورتاق باھالاش، نەتىجىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

مەھەللە ئۆي ئەسلىھەلىرىنى يېشىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە، «لايىھە»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: شەھەرلەرنى يېڭىلاش ۋە تۇرالغۇلارنى ئۆزگەرتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش، شەھەر مەمۇرىيىتى ئۆي ئەسلىھەلىرى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش قاتارلىقلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئاۋۋال يەر ئاستى، ئاندىن يەر ئۈستىنى ئۆزگەرتىش»تە چىڭ تۇرۇپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش، يامغۇر سۈيى، يۇندى، يېقىلغۇ گاز، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، خەۋەرلىشىش قاتارلىق يەر ئاستى تۇرۇبا لىنىيەلىرىنى ئاۋۋال ئۆزگەرتىپ، يول، ئوت ئۆچۈرۈش، توك قاچىلاش، يورۇتۇش، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش قاتارلىق ئاممىۋى ئۆي ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تۇرالغۇ رايونىدىكى بوش يەر، يەر ئاستى بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتوموبىل توختىتىش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كونا ئولتۇراق رايونلاردىكى ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ياخشىلاش كېرەك. تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىشنى يولغا قويۇپ، تۈرگە ئايرىپ تۆكۈش، تۈرگە ئايرىپ يىغىش، تۈرگە ئايرىپ توشۇش ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

مەھەللە تۇرمۇش مۇھىتىنى ئولتۇراقلاشقا باب كېلىدىغان قىلىشقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە، «لايىھە»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەھەللىلەردە توسالغۇسىزلاشتۇرۇش، «ياشانغانلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش» ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىمارەتلەرگە لىفت ئورنىتىشنى قوللاش كېرەك. مەھەللە يېشىللىق يېرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە بەرپا قىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سىرتقا چىققاندا «300 مېتىر مېڭىپلا يېشىللىقنى كۆرەلەيدىغان، 500 مېتىر مېڭىپلا باغچىنى كۆرەلەيدىغان بولۇش» تەلىپى بويىچە، كوچىلاردىكى يېشىللىق سەيلە باغچىلىرىنى پائال بەرپا قىلىپ، سايە ئاستىدىكى ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرى، كىچىك تىپتىكى تەنھەرىكەت مەيدانلىرى ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتىش كېرەك. مەھەللە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، مەھەللە ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى، ئائىلە مۇلازىمىتى، سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، بەدەن چېنىقتۇرۇش قاتارلىق ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تولۇق قاپلاشقا تۈرتكە بولۇپ، «15 مىنۇتلۇق تۇرمۇش چەمبىرىكى» بەرپا قىلىش كېرەك.

«لايىھە»دە مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر شەھەر ـ بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئاھالىلەرنىڭ بەرپا قىلىش ئارزۇسى كۈچلۈك، ئاساسىي شارائىتى ياخشى مەھەللىلەرنى ئالدىن تاللاپ، يېشىل مەھەللە بەرپا قىلىش ھەرىكىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش سىناق نۇقتىسى قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكاممۇللاشتۇرۇپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىلىرى، ئۇسۇللىرىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، كېڭەيتىپ، بىر تۈركۈم يېشىل مەھەللە بەرپا قىلىش ھەرىكىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تەربىيە بازىسى قۇرۇش كېرەك.

---

ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كۆزەتكۈچىسى

## ھەسەنجان مەمەتجان ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋەرچىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كۆزەتكۈچىسى ھەسەنجان مەمەتجان ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ مۇزېي يۇرتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن يۇەنجاڭ

## فەن جۇن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋەرچىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ مۇزېي يۇرتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن يۇەنجاڭ فەن جۇن ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.